# «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمغا كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىرىك پىلاننىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 2020 ـ يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ياخشى تاماملىدى.

شى جىنپىڭ يىرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاش، قەدەم ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئىرادىسى، مەقسىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ئورۇنلاشتۇرمىسىنى زىچ چۆرىدەپ خىزمەتلەرنى پىلانلاش ۋە ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش بىلەن قۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيە خاراكتېرلىك، يېتەكچى خاراكتېرلىك، ئاساس خاراكتېرلىك مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىستراتېگىيەلىك ھەيۋە قىلىش ۋە بىرلىشىپ جەڭ قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، تەشەببۇسكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ يىللىق پىلان ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالدىنى سۈرۈپ ئىشلەپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، بالدۇرراق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ زور سالماق، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىر ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى تېزلىتىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تىرەكلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دۆلەتنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش قۇرۇلۇشى تەرەققىيات مۇساپىسىگە زىچ ئەگىشىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە مۇھىت شارائىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەۋزەل كۈچلەر ۋە بايلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەك. بېكىتىلگەن ئورۇنلاشتۇرما بويىچە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يىلتىزى ئىختىساسلىقلاردا. ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، تەپەككۇر ئىدىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى چوڭ بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈرلەرنى دەلىللەش شەكلى ۋە تۈر تۇرغۇزۇشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش جەريانىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇھىم، زور تۈرلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، تەڭشەپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. يىرىك پىلان، پىلاننىڭ نوپۇزى ۋە ئىجرا قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت سىستېمىسى، ۋاقىت تۈگۈنى، سۈپەت ئۆلچىمىنى چىڭىتىپ، باھالاش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، يىرىك پىلان ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۈنۈمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئارمىيەمىزنىڭ زامانىۋى مۈلۈك باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۈلۈكنى جانلاندۇرۇپ ياخشى پايدىلىنىپ، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زىممىسىگە ئالغان دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتىدە مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق بىرقەدەر چوڭ، پۈتۈن ئارمىيە قۇرۇلۇش بىلەن جەڭگە تەييارلىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، تۈرلۈك مۇرەككەپ، قىيىن ۋەزىيەتكە ھەرۋاقىت تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن يىغىنغا قاتناشتى.

# بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس شى جىنپىڭغا ئالاقە ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇھىم، زور تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىدا تەسۋىرلەنگەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە گۈللەنگەن دۇنيا بەرپا قىلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ. مەن سىزنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىڭىز ۋە دانا رەھبەرلىكىڭىزنى چوڭقۇر تەرىپلەيمەن. جۇڭگو قولغا كەلتۈرگەن قالتىس مۇۋەپپەقىيەت پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتكە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى، ئىلھام بېغىشلىدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ۋەدىسى ۋە سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى ئەڭ نامرات ۋە ئەڭ ئاجىز كىشىلەر توپىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولىدىغان، يېشىل، ئېچىۋېتىلگەن تەرەققىيات ئەندىزىسى مۇھىم، زور پۇرسەت بولۇپ، بارلىق كىشىلەرگە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ داۋاملىق تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، «ھېچكىمنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، مۇھىم، زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا تۈرتكە بولۇش، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنى قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا بولغان ساداسى ۋە ئارزۇسىغا زىچ يېقىنلىشىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن ئېھتىياجى ئەمەلىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ، قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ تۈرلۈك خىزمەتلەردە مەركەز ۋە چوڭ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ياخشى چۆرىدەپ، دۆلەت ۋە خەلققە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە جەزمەن بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپلەرنى ئاڭلىق زىممىگە ئېلىش كېرەك.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى، خىزمەت تۈزۈمى، يىغىن تۈزۈمى ۋە خىزمەت تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە، پرىنسىپ ۋە ئاساسىي قانۇن روھىغا ئۇيغۇن بولۇپ، جەزمەن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ۋەكىللەر بىردەك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنى قوللىدى.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي پرىنسىپ ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان يادرولۇق مۇھىم ئامىللارنىڭ مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا شياڭگاڭ ئىگىزلىك قانۇنىنىڭ ئالاقىدار قوشۇمچە ھۆججەتلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بەردى، بۇ، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە ۋە ئاساسىي قانۇندىكى پرىنسىپقا ئۇيغۇن، شياڭگاڭ ئىگىزلىك قانۇنىغا ئۇيغۇن بولۇپ، پۇختا سىياسىي ئاساس ۋە قانۇنچىللىق ئاساسىغا ئىگە. «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»تا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، شياڭگاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە شياڭگاڭ ئىگىزلىك قانۇنى رامكىسى ئىچىدە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئومۇمىي مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ سىياسىيغا كەڭ دائىرىدە، باراۋەر قاتنىشىشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قوللايمىز. 2020 ـ يىلى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا قانۇن بويىچە مۇلازىمەت قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىدا بېكىتىلگەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، دەل جايىدا كۈچەپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پائال مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قوللايمىز. ئۆتكەن بىر يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك نازارەتچىلىكىدە، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن ئېغىر زەربىنىڭ تەسىرىگە پائال تاقابىل تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. سىستېما قارىشى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، ئاساسنى كۈچەيتىش يۆنىلىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، ئاساسىي خىزمەت ۋە ئاساسىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىشى، كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شى داگاڭ، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، زۇمرەت ئوبۇل، مۇقىيات جارمۇقامەت، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز، دىلشات قىدىرقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

## لى جەنشۇ رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا يىغىن ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسى، يىغىننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ياڭ جېنۋۇ بەرگەن يىغىن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋە تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى شۈ شاۋشى بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئائىت ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئائىت ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، ئىككى تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى شى ياۋبىن بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئائىت ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا ياڭ جېنۋۇ بەرگەن يىغىن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى، 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى، 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتى قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، ئۈچ قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى لى فېي بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىگە قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى بېكىتمە لايىھەسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى بېكىتمە لايىھەسى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا لى فېي بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار كومىتېتىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىگە قاراپ چىقىش نەتىجىسى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، قارار لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلمە نۇسخىسى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يۇقىرىقى قارار لايىھەلىرى، دوكلاتلار، بېكىتمە لايىھەلەر، بېكىتمە لايىھەلەرنىڭ تۈزىتىلمە نۇسخىسى قاتارلىقلارنى يىغىن ھەيئەت رىياستى 2 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش ماقۇللاندى.

يىغىن ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ۋاڭ چېن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيما چىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا يىغىنغا قاتناشتى.